قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# پاقىنىڭ ئۆي كۆچۈشى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

1471

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# پاقىنىڭ ئۆي كۆچۈشى



ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: شياۋ شى
تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

1. گۈزەل كۆل بويىدا بىر پاقا ئولتۇرىدىكەن.



2. بۇ پاقىغا ئەركەك ـ چىشى بىر جۈپ غاز قوشنا ئىكەن.



3. بۇ ئۈچەيلەن كۆلدە سۇ ئۈزۈپ، قىرغاقتا چىقىپ ئويناپ خۇشال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.



4. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خېلى ئۇزاققىچە يامغۇر ياغماي،كۆلنىڭ
سۈيى قۇرۇپ كېتىپتۇ.



5. سۇ بولمىغاچقا،غازلار سۇيى ئۇلۇغ بىر جايغا كۆچمەكچى بوپتۇ.



6. پاقا غازلارغا: «مېنىڭ سىلەردىن ئايرىلغۇم يوق، سىلەر كېتىپ قالساڭلار مەن قانداق قىلىمەن؟» دەپ يىغلاپتۇ.



7. غازلار غەمگە پېتىپ: «قانداق قىلساق بولار؟ بىزنىڭغۇ قانىتىمىز بار، ئۇچالايمىز، سەن سەكرەپ-تاقلاپ مېڭىپ بىزگە يېتىشەلمەيسەن-دە» دەپتۇ.



8. پاقا ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن، ئۇ ئاخىر بىر چارە تېپىپتۇ.



9. پاقا بىر تال ياغاچنى تېپىپ كېلىپ: «ئامال تېپىلدى. مەن ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىنى چىشلىسەم، سىلەر ئىككىڭلار ئىككى ئۇچىدىن چىشلەپ ئۇچساڭلار بولىدۇ» دەپتۇ.



10. غازلار پاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا غاقىلداپ: «غاق، غاق، ياخشى چارىكەن، ياخشى چارىكەن» دېيىشىپتۇ.



11. شۇنىڭ بىلەن ئىككى غاز ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىنى چىشلەپتۇ.





12. پاقا ياغاچنىڭ دەل ئوتتۇرىسىنى چىشلەپتۇ.



13. ئىككى غاز پاقىنى ئېلىپ، بىرلىكتە ئۇچۇپتۇ.

14. ئۇلار بىر كەنتتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ.



15. كىشىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ: «غازلار پاقىنى ئېلىپ ئۇچۇپتۇ، غازلار نېمىدېگەن ئەقىللىق!» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.



16. پاقا ئۆلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ: «بۇ ئامالنى مەن ئويلاپ تاپقان تۇرسام، نېمىشقا غازلارنى ئەقىللىق دەيدۇ؟» دەپ نارازى بوپتۇ.



17. ئۇلار يەنە بىر كەنتتىن ئۇچۇپ ئۆتۇپتۇ.



18. كىشىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ: «غازلار نېمىدېگەن ئەقىللىق، شۇنداق ياخشى ئامالنى ئويلاپ تېپىپتۇ» دېيىشىپتۇ.



19. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، پاقىنىڭ: «بۇ ئامالنى مەن ئويلاپ تاپقان تۇرسام، نېمىشقا ئۇلار غازلارنىلا ئەقىللىق دەيدۇ؟» دەپ ئاچچىقى كەپتۇ.



20. غازلار ئۇچا ـ ئۇچا ئۇچىنچى كەنتتىن ئۆتكەندە، كىشىلەر يەنە: «غازلار پاقىنى ئېلىپ ئۇچۇپتۇ، غازلار نېمىدېگەن ئەقىللىق!» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.





21. پاقا كىشىلەرنىڭ غازلارنىلا ماختىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقى كېلىپ چىدىيالماپتۇ.



22 . پاقا چىداپ تۇرالماي: «بۇ ئامالنى مەن ئويلاپ تاپقان» دەپ ۋارقىراپتۇ.



23 . كىم بىلسۇن، پاقا ئەمدىلا ئاغزىنى ئېچىشىغا،ئاسماندىن يەرگە
چۈشۈپ كېتىپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-815-9

总定价:12.00元 每册价:2.00元(维)